## 10843 ـ بىدئەت ۋە شىرىكنىڭ تەپسىلاتى

### سۇئال

شىرىك ۋە بىدئەت ئىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارنى مۇسۇلمان دىيىشىمىزگە بولامدۇ ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بۇ سۇئال ئىككى مەسىلىگە تاقىلىدۇ :

(1) بىدئەت . (2) شىرىك .

بىرىنچى مەسىلە : بىدئەت .

بۇ مەسىلە ئۈچ تىمىغا بۆلىنىدۇ :

1) بىدئەتنىڭ ئېنىقلىمىسى . 2) ئۇنىڭ تۈرلىرى . 3) بىدئەتنى قىلغۇچىنىڭ ھۆكمى ـ كاپىر بولامدۇـيوق ؟

بىرىنچى تىما : بىدئەتنىڭ ئېنىقلىمىسى

پىشىۋا مۇھەممەد بىن ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن : " بىدئەتنىڭ شەرئىيەتتىكى ئېنىقلىمىسى : ئاللاھ بەلگىلىمىگەن نەرسە بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش " ، ئەگەر خالىساڭ مۇنداق دىگىن : " پەيغەمبەر ، ياكى ئۇنىڭ توغرىغا يىتەكلەنگەن خەلىپىلىرى قىلمىغان نەرسە بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش . "

بىرىنچى چۈشەندۈرۈش ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئېلىنغان : ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟

ئىككىنچى چۈشەندۈرۈش پەيغەمبەرنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئېلىنغان : " سىلەر مېنىڭ يولۇم(سۈننىتىم) ۋە مېنىڭدىن كېيىن كىلىدىغان توغرىغا يىتەكلەنگەن خەلىپىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار . ئۇنى چىڭ تۇتۇڭلار ھەمدە ئۇنى ئىزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەڭلار ، ھەمدە يىڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ھوشيار بولۇڭلار . "

شۇڭا ئاللاھ بەلگىلىمىگەن نەرسە بىلەن ، ياكى پەيغەمبەر ، ۋە ئۇنىڭ توغرىغا يىتەكلەنگەن خەلىپىلىرى قىلمىغان نەرسە بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى ھەرقانداق كىشى ـ بىدئەتچىدۇر ، مەيلى ئۇ ئىبادەت قىلىش ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ۋە قانۇنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن .

ئادەت ۋە قائىدە ـ يۇسۇنغا ئەگىشىپ كىلىدىغان ئادەتتىكى ئىشلار كەلسەك ،گەرچە بۇلار لۇغەتتە بىدئەت(يىڭىلىق) دەپ ئاتالسىمۇ ، دىندا بىدئەت( يىڭىلىق) دەپ ئاتالمايدۇ . بىراق بۇلار دىندا بىدئەت بولمايدۇ ھەمدە ئۇلار پەيغەمبەر ئاگاھلاندۇرغان نەرسە ئەمەس .

ھەمدە دىندا مەڭگۈ ياخشى بىدئەت تېپىلمايدۇ . " [ ئىبنۇ ئۇسەيمىين فەتىۋالار توپلىمى ، 2 . ج ، 291. ب ]

ئىككىنچى تىما : بىدئەتنىڭ تۈرلىرى .

بىدئەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ :

بىرىنچى : كاپىر قىلىدىغان بىدئەت . ئىككىنچى : كاپىر قىلمايدىغان بىدئەت .

ئەگەر سىز : كاپىر قىلىدىغان بىدئەت ۋە كاپىر قىلمايدىغان بىدئەتنىڭ ئىنىقلىمىسى نىمە ؟ دىسىڭىز .

جاۋاپ : پېشىۋا ھافىز ھەكەمىي مۇنداق دىگەن: " كىشىنى كاپىر قىلىدىغان بىدئەت بولسا پەرىزلىكى ھەممىگە مەلۇم بولغان ، ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشى بار ھەمدە ھىچقانداق مۇسۇلماننىڭ بىلمەسلىككە ھىچ بانا تاپالمايدىغان بىر مەسىلىنى ئىنكار قىلىشتۇر ، مەسىلەن ، پەرىز قىلىنغان بىر نەرسىنى ئىنكار قىلىش ، ۋاجىپ بىر نەرسىنى ۋاجىپ ئەمەس قىلىش ، ياكى ھارام بىر نەرسىنى ھالال قىلىش ، ھالال بىر نەرسىنى ھارام قىلىش ؛ ياكى ئاللاھ ، ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە كىتابى ھەققىدە ئۇلار ئۇنىڭدىن يىراق بولغان نەرسىگە، مەيلى ئىنكار قىلىش ياكى ئىتراپ قىلىش بىلەن بولسۇن ئىشىنىش ، چۈنكى ئۇ ، كىتاپنى ۋە ئاللاھ ئەلچىسى بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنى يالغانغا چىقىرىشتۇر .

جۇھەمىييەلەرنىڭ بىدئىتىگە ئوخشاش ئەزىز ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ، قۇرئاننى ، ياكى ئاللاھنىڭ قايسى بىر سۈپەتلىرىنى مەخلۇق(يارىتىلغان ) دىيىش ؛ قەدەرىييەلەرنىڭ بىدئىتىگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ بىلىمىنى ۋە ئىش_ھەركەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ، ۋە ياكى ئۇلۇغ ئاللاھنى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشىتىدىغان مۇجەسسىمەلەرنىڭ بىدئىتى .. . ۋە باشقا بىدئەتلەرگە ئوخشاش .

ئىككىنچى تۈرى : كاپىر قىلمايدىغان بىدئەتلەر ، ئۇنىڭ ئىنىقلىمىسى : كىتاب ھەمدە ئاللاھ ئەلچىلىرى بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىدىن مەلۇم نەرسىنى يالغانغا چىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بىدئەت .

مەرۋانىييەلەرنىڭ بىدئىتىگە ئوخشاش ( ئۇلار نى ئۇلۇغ ساھابىلەر ئاشكارا ئەيىپلىگەن ھەمدە ئۇلارنى ئىتراپ قىلمىغان ، ھەمدە ئۇلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلمىغان ياكى ئۇ سەۋەپلىك ئۇلارغا بەيئەت قىلىشنى رەت قىلمىغان ) ، ئۇلارنىڭ بەزى نامازلارنى ئاخىرقى ۋاقتىغا سۈرىشى ، ھېيتتا خۇتبىنى نامازدىن بۇرۇن قىلىشى ، جۈمە خۇتبىسى ۋە باشقىلىرىدا ئولتۇرۇپ قىلىشى . " [ مەئارىجۇل قۇبۇل ( 2503-504 ) . ]

ئۈچىنچى مەسىلە : بىدئەت سادىر قىلغۇچىنىڭ ھۆكمى ؟ كاپىر بولامدۇ _يوق ؟

جاۋاپ :

ئەگەر ئۇ كاپىر قىلىدىغان بىدئەت بولسا ، ئۇنى قىلغۇچى مۇنۇ ئىككى ئەھۋالدىن خالى ئەمەس :

بىرىنچى : ئۇنىڭ مەقسىتى دىنىنىڭ ئۇللىرىنى يىقىتىش ۋە مۇسۇلمانلاردا شەك پەيدا قىلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا ، بۇنداق ئادەم ئەلۋەتتە كاپىر ؛ ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئىسلامغا يات كىشى ھەمدە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بىرىدۇر .

ئىككىنچى : ئۇنىڭغا ئالدانغان ۋە قايمۇقتۇرۇلغان بولسا ، ئۇنىڭغا دەلىل تۇرغۇزۇلغاندىن كىيىن كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ .

ئەگەر ئۇ كاپىر قىلمايدىغان بىدئەت بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ كاپىر بولمايدۇ ، بەلكى ئۇ مۇسۇلمانلىقىدا تۇرىۋېرىدۇ ، لىكىن ئۇ چوڭ قەبىھ ئىشنى قىلغۇچىدۇر .

ئەگەر سىز : بىدئەتچىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولىمىز ؟ دىسىڭىز .

جاۋاپ :

پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇھەممەد بىن ئۇسەيمىين ، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن ، مۇنداق دىگەن : " ھەر ئىككىلىسىگە قارىتا ، بىز بۇ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلغۇچى بىراق كاپىر قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بىدئەتلەرنى قىلغۇچى كىشىلەرنى ، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلماستىن ياكى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى سۆكمەستىن ئۇلارنى ھەقىقەتكە چاقىرىشىمىز كىرەك . لىكىن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىقىنى بىلسەك ، ئاللاھ دەيدۇ : مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ الله نى تىللايدۇ. [ ئەنئام( چاھارپايلار) : 108 ] . . . ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ جاھىل ۋە ھاكاۋۇرلىقىنى بايقىساق ، ئۇنداقتا بىز ئۇلارنىڭ ناتوغرىسىنى كۆرسىتىپ قويىمىز ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ناتوغرىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش بىزگە ۋاجىپ بولىدۇ .

ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە كەلسەك ، ئۇ بىدئەتكە باغلىق . ئەگەر ئۇ كاپىر قىلىدىغان بىدئەت بولسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ۋاجىپ ، ئەگەر ئۇنىڭدىن تۆۋەن بىدئەت بولسا ، بىز بۇ ھەقتە تەپسىلي توختىلىمىز ، ئەگەر ئۇ كىشىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش بىلەن بىرەر نەتىجە بولىدىغان بولسا ئۇنى قىلىمىز ، ئەگەر ئۇنىڭدا بىرەر نەتىجە بولمىسا ، ياكى ئۇ ئۇنىڭ گۇناھ قىلىشى ۋە ھەددىدىن ئېشىشىنى ئاشۇرۇۋەتسە ئۇنى قىلىشتىن ساقلىنىمىز ؛ چۈنكى پايدىسى يوق ، نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى تاشلاشنىڭ ئۆزى پايدا ۋە نەتىجە ، ۋە يەنە ئاساسى پرىنسىپ بولسا مۇئمىنگە نىسبەتەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ھارام ؛ چۈنكى پەيغەمبەر مۇنداق دىگەن : بىر كىشىنىڭ قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئوشۇق تاشلىۋىتىشى ( گەپ قىلماسلىقى) ھالال ئەمەس . [ ئىبنۇ ئۇسەيمىين فەتىۋالار توپلىمى 2.ج ، 293. ب دىن ئېلىندى . ]

ئىككىنچى تېما : شىرىك ، ئۇنىڭ تۈرلىرى ، ۋە ھەر بىر تۈرىنىڭ ئىنىقلىمىسى .

پېشىۋا مۇھەممەد بىن ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن :

" شىرىك ئىككى تۈرلۈك : 1) دىندىن چىقىرىۋىتىدىغان چوڭ شىرىك . 2) ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان شىرىك .

بىرىنچى تۈر : چوڭ شىرىك ، ئۇ بولسا " شەرئەتنى بىكىتكۈچى شۇنداق دەپ سۈپەتلىگەن شىرىكنىڭ بارلىق تۈرى بولۇپ ئۇ كىشىنى دىندىن چىقىرىۋىتىدىغان نەرسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . " مەسىلەن ، ئاللاھقا قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىبادەتنىڭ قايسى بىر تۈرىنى ئاللاھتىن بۆلەك بىرسىگە بېغىشلاش ، يەنى ، ئاللاھتىن بۆلەك بىرسىگە ناماز قىلىش ، ئاللاھتىن بۆلەك بىرسىگە روزا تۇتۇش ياكى ئاللاھتىن بۆلەك بىرسىگە قۇربانلىق بىرىش . ۋە شۇنىڭدەك ئاللاھتىن بۆلەك بىرسىدىن تىلەش (دۇئا قىلىش) مۇ چوڭ شىرىكنىڭ بىر تۈرى ، مەسىلەن ، قەبرىدىكى ئۆلۈكتىن تىلەش ياكى يىنىدا يوق(غائىپتىكى) كىشىدىن پەقەت ئاللاھتىن باشقىسى قىلالمايدىغان ئىشتىن قۇتقۇزۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىش .

ئىككىنچى تۈرى : كىچىك شىرىك ، ئۇ بولسا : شەرئەت شىرىك دەپ نام بەرگەن ، لىكىن دىندىن چىقارمايدىغان سۆز ياكى ھەركەت جەھەتتىكى ئىش-ئەمەللەردۇر ، مەسىلەن ، ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش ، پەيغەمبەر مۇنداق دىگەن :

ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ ياكى مۇشرىك بولىدۇ .

ئاللاھتىن بۆلەك بىرسى بىلەن قەسەم قىلغۇچى ، شۇ ئاللاھتىن بۆلەك بىرسىنى ئاللاھقا ئوخشاش ئۇلۇغلۇقتا ئىگە دەپ ئېتىقات

قىلمىسا ، ئۇنداقتا ئۇ كىچىك شېرىكنى سادىر قىلغۇچى مۇشرىك بولىدۇ ، قەسەم قىلىنغۇچى مەيلى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلانسۇن ياكى ئۇلۇغلانمىسۇن . شۇڭا پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بىلەن ، ياكى رەئىس ، پرېزدېنت بىلەن ، ياكى كەئبىە بىلەن ، ياكى جەبرائىل بىلەن قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ ، چۈنكى بۇ شېرىك ، لېكىن كىشىنى دىندىن چىقىرۋەتمەيدىغان كىچىك شېرىك .

كىچىك شېرىكنىڭ تۈرلىرىدىن بىرى ــ رىيا قىلىش( كۆز ــ كۆز قىلىش ) . رىيا قىلىش : بىر ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى كۆرۈشى ئۈچۈن قىلىش .

رىيا ئىبادەتلەرنى بىكار قىلىۋېتىشى جەھەتتە ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ :

بىرىنچى : ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەنبىيىدە بولۇش ، يەنى ئىبادەتنى پەقەت كۆز ــ كۆز قىلىش ئۈچۈنلا قىلىدۇ ، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئىناۋەتسىز ۋە رەت قىلىنىدۇ ؛ چۈنكى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن مەرفۇئي ھەدىيس( يەنى، بىۋاستە پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنغان ھەدىيس) نەقىل قىلىنىدىكى ، ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دىگەن : مەن شېرىكلەرنىڭ ئىچىدە شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەتتۇرمەن ، شۇڭا كىمكى بىر ئىشنى قىلىپ ئۇنىڭغا مېنىڭدىن بۆلەك بىرسىنى ماڭا شېرىك قىلسا ، مەن ئۇنى ۋەماڭا شېرىك قىلغان نەرسىسىنى تاشلىۋېتىمەن . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 2985 ]

ئىككىنچى : رىيا قىلىش ئىبەدەت قىلىش جەريانىدا كىيىن يۈز بەرسە ، يەنى ، ئىبادەت ئەسلىدە ئاللاھ ئۈچۈن بولۇپ ، ئاندىن رىيا قىلىش ئۇنىڭغا كىرىۋالغان بولىدۇ . بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ :

بىرىنچى : ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىش ، بۇ ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ .

مەسىلەن : بىر كىشى بىر رەكەت ناماز ئوقۇدى ، ئاندىن ئىككىنچى رەكەتتە بىر قىسىم كىشىلەر كەلدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىچىدە رۇكۇ ياكى سەجدىنى ئۇزۇنراق قىلىشنى ، ياكى يىغلىغان بولۇۋېلىش قاتارلىقلارنى ئويلايدۇ . ئەگەر ئۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلسا ، ئۇنىڭ ئۇنىڭغا زىيىنى بولمايدۇ ، چۈنكى ئۇ بۇ ئويغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتىدۇ . بىراق ئۇ شۇ ئويغا ئەگەشسە ، ئۇنداقتا رىيا قىلىشتىن ھاسىل بولغان ھەرقانداق ئىش ــ ئەمەل بىكار، باتىل . مەسىلەن ، ئەگەر ئۇ ئۆرە تۇرۇشىنى ياكى سەجدىسىنى ئۇزۇن قىلسا ، ياكى ئۆزىنى يىغلاتسا ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كىتىدۇ . بىراق بۇ بىكار بولۇش پۈتكۈل ئىبادەتكە كېڭىيىپ بارامدۇ ــ يوق ؟

بىز دەيمىزكى ، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدىن خالى ئەمەس :

بىرى ، ئىبادىتىنىڭ ئاخىرى بىشى بىلەن (ئارلىقىدا ئۈزۈلۈپ قالماستىن) ئۇلانغان بولىدۇ ، بۇ ھالدا ئىبادەتنىڭ ئاخىرى بىكار بولۇش بىلەن ئىبادەتنىڭ ھەممىسى بىكار بولىدۇ .

مەسىلەن : ناماز ، نامازنىڭ ئالدىنقى قىسمى بىكار بولۇنمىغان ئەھۋالدا ، ئۇنىڭ ئاخىرقى قىسمى بىكار بولمايدۇ ، شۇڭا پۈتكۈل ناماز بىكار بولىدۇ .

يەنە بىرى ، ئەگەر ئىبادەتنىڭ بېشى ئۇنىڭ ئاخىرىدىن ئايرىم بولسا ، ئۇنداقتا ئالدىنقى قىسمى ساق بولىدۇ ، كېيىنكى قىسمى بولسا بىكار بولىدۇ . رىيا قىلىشتىن بۇرۇن قىلىنغىنى ساق بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن كىيىن قىلىنغىنى بولسا بىكار بولىدۇ .

ئۇنىڭ بىر مىسالى بولسا : بىر كىشىدە 100 رىيال بار ، ھەمدە ئۇ ئۇنىڭ 50 نى ساغلام نىيەت بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن سەدىقە

قىلىدۇ ، ئاندىن 50 نى كۆز ــ كۆز قىلىش مەقسىتىدە سەدىقە قىلىدۇ . ئالدىنقى 50 ى قوبۇل بولىدۇ ، كېيىنكى 50 ى بولسا قوبۇل بولمايدۇ . چۈنكى كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن ئايرىم قىلىنغان . "

[ ئىبنۇ ئۇسەيمىيننىڭ رىسالىلەر ۋە فەتىۋالار توپلىمى ، تەۋھىيد كىتابىنىڭ شەرھىسى پايدىلىق سۆز ( 1-ج، 114- ب ) بىرىنچى نەشرى. ]

پېشىۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد